# 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتنىڭ 3 - نۆۋەتلىك كۆزىتىشتە قايتما ئىنكاس قىلىنغان ئەھۋاللار مەركەزلىك ئېلان قىلىندى

(بېشى 1 - بەتتە)

جۇڭگو كېمسازلىق ئېغىر سانائەت گۇرۇھى چەكلىك شىركىتى، جۇڭگو قورال - ياراغ سانائىتى گۇرۇھى چەكلىك شىركىتى، جۇڭگو قورال - ياراغ جابدۇقلىرى گۇرۇھى چەكلىك شىركىتى، جۇڭگو ئېلېكترون پەن - تېخنىكا گۇرۇھى چەكلىك شىركىتى، جۇڭگو ئاۋىياتسىيە موتورى گۇرۇھى چەكلىك شىركىتى، جۇڭگو نېفىت، تەبىئىي گاز گۇرۇھى چەكلىك شىركىتى، جۇڭگو نېفىت - خىمىيە سانائىتى گۇرۇھى چەكلىك شىركىتى، جۇڭگو دېڭىز - ئوكيان نېفىت گۇرۇھى چەكلىك شىركىتى، دۆلەت ئېلېكتر تورى چەكلىك شىركىتى، جۇڭگو جەنۇب ئېلېكتر تورى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى، جۇڭگو خۇانېڭ گۇرۇھى چەكلىك شىركىتى، جۇڭگو داتاڭ گۇرۇھى چەكلىك شىركىتى، دۆلەت ئېلېكتر كۈچى سىلىنما گۇرۇھى چەكلىك شىركىتى، جۇڭگو چاڭجياڭ سەنشيا گۇرۇھى چەكلىك شىركىتى، دۆلەت ئېنېرگىيە سېلىنما گۇرۇھى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى، جۇڭگو تېلېگراف گۇرۇھى چەكلىك شىركىتى، جۇڭگو بىرلەشمە تور خەۋەرلىشىش گۇرۇھى چەكلىك شىركىتى، جۇڭگو كۆچمە خەۋەرلىشىش گۇرۇھى چەكلىك شىركىتى، جۇڭگو ئېلېكترونلۇق ئۇچۇر كەسپى گۇرۇھى چەكلىك شىركىتى، جۇڭگو 1 - ئاپتوموبىل گۇرۇھى چەكلىك شىركىتى، دۇڭفېڭ ئاپتوموبىل گۇرۇھى چەكلىك شىركىتى، جۇڭگو 1 - ئېغىر تىپتىكى ماشىنىسازلىق سانائىتى گۇرۇھى چەكلىك شىركىتى، جۇڭگو ماشىنىسازلىق سانائىتى گۇرۇھى چەكلىك شىركىتى، خاربىن ئېلېكترىك گۇرۇھى چەكلىك شىركىتى، جۇڭگو شەرق ئېلېكترىك گۇرۇھى چەكلىك شىركىتى، ئەنگاڭ گۇرۇھى چەكلىك شىركىتى، جۇڭگو باۋۇ پولات - تۆمۈر گۇرۇھى چەكلىك شىركىتى، جۇڭگو ئاليۇمىنچىلىق گۇرۇھى چەكلىك شىركىتى، جۇڭگو ئاۋىياتسىيە گۇرۇھى چەكلىك شىركىتى، جۇڭگو شەرق ئاۋىياتسىيە گۇرۇھى چەكلىك شىركىتى، جۇڭگو جەنۇب ئاۋىياتسىيە گۇرۇھى چەكلىك شىركىتى، جۇڭگو جۇڭخۇا گۇرۇھى چەكلىك شىركىتى، جۇڭگو ۋۇكۇاڭ گۇرۇھى چەكلىك شىركىتى، جۇڭگو قۇرۇلۇش گۇرۇھى چەكلىك شىركىتى، دۆلەت تەرەققىيات مەبلەغ سېلىش گۇرۇھى چەكلىك شىركىتى، سودىگەر چاقىرىش ئىدارىسى گۇرۇھى چەكلىك شىركىتى، خۇارۇن(گۇرۇھ) چەكلىك شىركىتى، جۇڭگو سودا ئايروپىلانى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى.

پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەستىقلىشى ئارقىلىق، بۇ يىل 3 - ئايدىن 6 - ئايغىچە، 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتنىڭ 3 - نۆۋەتلىك كۆزىتىشى يۇقىرىدىكى مەركەزدىكى ئۈچ ئورۇن ۋە مەركەز باشقۇرىدىغان 42 كارخانىنىڭ پارتىيە تەشكىلاتىغا قارىتا دائىملىق كۆزىتىش ئېلىپ باردى. بۇنىڭ بىلەن، مەركەز باشقۇرىدىغان كارخانىلارغا قارىتا كۆزىتىش تولۇق قاپلاش تاماملىنىپ، 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتنىڭ كۆزىتىشى تولۇق قاپلىغان تۇنجى بۆلەك بولۇپ قالدى. كۆزىتىش مەزگىلىدە، مەركەز كۆزىتىش گۇرۇپپىلىرى سىياسىي كۆزىتىشتە بەلگىلەنگەن ئورۇننى چىڭ ساقلاپ، سىياسىي نازارەتچىلىكنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، پارتگورۇپپا (پارتكوم)لارنىڭ فۇنكسىيەلىك مەسئۇلىيىتىنى چىڭ كۆزلەپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ مۇھىم، زور تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى، پارتىيەنى ئومۇميۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىش سۇبيېكتلىق مەسئۇلىيىتى ۋە نازارەتچىلىك مەسئۇلىيىتىنى، پارتىيە قۇرۇلۇشى خىزمىتى مەسئۇلىيىتىنى، تۈزىتىش مەسئۇلىيىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش قاتارلىق ئەھۋاللارنى نۇقتىلىق تەكشۈردى.

كۆزىتىش ئەھۋالىدىن قارىغاندا، مەركەز باشقۇرىدىغان كارخانىلار پارتىيەنى باشقۇرۇش، پارتىيەنى ئىدارە قىلىش ئىگىلىك ۋە مەسئۇلىيىتىنى كۆرۈنەرلىك كۈچەيتىپ، ئىسلاھات - تەرەققىياتتا كۆرۈنەرلىك نەتىجە - ئۈنۈمنى قولغا كەلتۈرۈپ، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىيات، پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى، دۆلەت مۇداپىئەسى قۇرۇلۇشى، خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاشتا تۈرتكە بولۇش ئۈچۈن مۇھىم، زور تۆھپە قوشقان. ئەمما كۆزىتىشتە يەنە مۇنۇلار بايقالغان: بەزى پارتگورۇپپا (پارتكوم)لارنىڭ شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى ئۆگىنىشى، ئىزچىللاشتۇرۇشى چوڭقۇر بولمىغان؛ بەزىلىرىنىڭ دۆلەت كارخانىلىرى ئىسلاھاتىنىڭ تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشى، چوڭقۇرلاشتۇرۇشى جايىدا بولمىغان؛ بەزىلىرىنىڭ پارتىيەنى ئومۇميۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىشتىكى «ئىككى مەسئۇلىيەت»نى ئادا قىلىشى كۈچلۈك بولماي، بېسىمنى يەتكۈزۈشى قاتلاممۇقاتلام ئاجىزلاشقان؛ بەزىلىرى پارتىيە قۇرۇلۇشى خىزمىتى مەسئۇلىيىتىنى پۇختا ئەمەلىيلەشتۈرمىگەن، ئادەم تاللاش، ئادەم ئىشلىتىش خىزمىتىنى قېلىپلاشتۇرمىغان، قوشۇن قۇرۇلۇشى ۋە ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتى قۇرۇلۇشىدا ئاجىز ھالقىلار ساقلانغان.

كۆزىتىش قايتما ئىنكاسىدا مۇنداق تەكىتلەندى: كۆزىتىش - تۈزىتىش ۋە نەتىجىنى تەتبىقلاشنى ياخشى تۇتۇپ، تۈزىتىشتىكى سۇبيېكتلىق مەسئۇلىيىتى ۋە نازارەتچىلىك مەسئۇلىيىتىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، كۆزىتىش - تۈزىتىشنى «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، كوندىلىك نازارەت قىلىش بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، «كېيىنكى باسقۇچتىكى ئىشلار»نى پۇختا، ياخشى ئىشلەپ، كارخانىلارنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇش كېرەك.

# 2019 - يىللىق «يۇقراۋى كارخانىلارنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭ سەپىرى» پائالىيىتى يىغىنى قەشقەردە ئۆتكۈزۈلدى

(بېشى 1 - بەتتە)

چوڭ ۋەزىيەتكە مۇلازىمەت قىلىشتىكى مۇھىم ۋەزىپە قىلىپ ئالغا سىلجىتىشى كېرەك؛ كەڭ يۇقراۋى كارخانىلار شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىشكە ئاكتىپ قاتنىشىپ، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشىغا ئاڭلىق ئاتلىنىشى كېرەك. ئۇ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: يۇقراۋى كارخانىلار جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ يوشۇرۇن كۈچ ئەۋزەللىكىنى تولۇق تونۇپ، ئاكتىپلىق بىلەن جەنۇبىي شىنجاڭغا بېرىپ مەبلەغ سېلىپ، كەسىپلەرنى گۈللەندۈرۈپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشقا كۈچ قوشۇش ۋە كارخانىلارنى تېخىمۇ ياخشى تەرەققىي قىلدۇرۇشتىن ئىبارەت قوش پايدىنى ئىشقا ئاشۇرۇشى كېرەك؛ خەلق تۇرمۇشىنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇشتا چىڭ تۇرۇپ، تېخىمۇ كۆپ ئىش ئورنى ۋە ماھارەت تەربىيەسى پۇرسىتى بىلەن تەمىنلەپ، نامرات ئاممىنىڭ كىرىم سەۋىيەسىنى ھەقىقىي ئۆستۈرۈشى كېرەك؛ باشقا يەردىكى سودىگەرلەر ئۈيۈشمىلىرىنىڭ ئەۋزەللىكىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، تەشكىللەپ تەرەققىي قىلدۇرۇپ، سودا ئارقىلىق سودىگەر چاقىرىپ، رايونلارنىڭ ھەمكارلىشىپ تەرەققىي قىلىشىغا تۈرتكە بولۇشى كېرەك.

گوۋۇيۈەن نامراتلارنى يۆلەش ئىشخانىسى پارتگورۇپپىسىنىڭ شۇجىسى، مۇدىر ليۇ يۇڭفۇ يىغىندا مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ قەرەلىدە نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشى شىنجاڭ ھەتتا پۈتۈن مەملىكەتنىڭ قەرەلىدە نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشىغا مۇناسىۋەتلىك. «يۇقراۋى كارخانىلارنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭ سەپىرى» پائالىيىتى جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاستنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە غەلىبە قىلىشىغا كۈچ قوشۇشتىكى بىر تۈرلۈك مۇھىم تەدبىر. بۇ قېتىمقى پائالىيەتتە توختام ئىمزالانغان تۈرلەر كەسىپلەرنى يۈتكەش ئارقىلىق جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ؛ ماھارەت تەربىيەسى ئارقىلىق جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ئادەم كۈچى بايلىقىنى ئېچىشنى ئىلگىرى سۈرىدۇ؛ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇپ كىرىمنى ئاشۇرۇش ئارقىلىق جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي ئىناقلىقى، مۇقىملىقىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. مۇناسىۋەتلىك تارماقلار تۈر قۇرۇلۇشىنى پۈتۈن كۈچ بىلەن ئالغا سىلجىتىپ، تېزدىن ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈش، مەھسۇلات مىقدارى پىلاندىكى تەلەپكە يېتىش، تېزدىن ئۈنۈم كۆرۈشنى قولغا كەلتۈرۈشى كېرەك؛ نامراتلارنى يېتەكلەش مېخانىزمى ئورنىتىپ، نامرات ئائىلىلەرنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىپ كىرىمىنى ئاشۇرۇشىغا تۈرتكە بولۇشى كېرەك؛ ئىستېمال ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەشنى تەشكىللەپ ياخشى يولغا قويۇپ، سېتىشقا ئاساسەن ئىشلەپچىقىرىشنى بەلگىلىشى، سېتىشقا ئاساسەن ئىشلەپچىقىرىشنى ئىلگىرى سۈرۈشى كېرەك. بۇ قېتىمقى «يۇقراۋى كارخانىلارنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭ سەپىرى» پائالىيىتىنى پۇرسەت بىلىپ، جەنۇبىي شىنجاڭ ئۈچۈن تېخىمۇ كۆپ كارخانا بايلىقىنى كىرگۈزۈپ، جەنۇبىي شىنجاڭنى مۇقىم نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشنىڭ ئۇزاق ئۈنۈملۈك مېخانىزمى ئورنىتىش ئۈستىدە ئۈزلۈكسىز ئىزدىنىپ، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ يىراق كەلگۈسى تەرەققىياتىنىڭ ئىقتىسادىي ئاساسىنى پۇختىلاش كېرەك.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى شۆھرەت زاكىر يىغىندا تەبرىك سۆزى قىلدى. ئۇ مۇنۇلارنى بىلدۈردى: شىنجاڭنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرى يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ سەممىي غەمخورلۇقىنىڭ پايدىسىدىن كەلگەن، دۆلەتنىڭ مىنىستىرلىق، كومىتېتلىرى ھەم شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىدىغان ئۆلكە، شەھەرلەر، ياردەم بېرىۋاتقان - يۆلەۋاتقان كارخانىلارنىڭ خالىس ياردىمى ۋە زور كۈچ بىلەن قوللىشىنىڭ پايدىسىدىن كەلگەن، ھەرقايسى تەرەپ نامراتلارنى يۆلەش كۈچلىرى ۋە شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ئورتاق ئىنتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىشىنىڭ پايدىسىدىن كەلگەن، بۇ بىزگە دۆلىتىمىز سوتسىيالىستىك تۈزۈمىنىڭ ئەۋزەللىكى ۋە ۋەتىنىمىز چوڭ ئائىلىسىنىڭ ئىللىقلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلدۇردى. ئاپتونوم رايون بۇ قېتىمقى يىغىننىڭ روھىنى ياخشى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، كارخانىلارنىڭ نامراتلارنى يۆلەشكە قاتنىشىشىدىكى ئالاقىدار ئېتىبار سىياسەتلىرىنى پائال ماسلاشتۇرۇپ ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، كاپالەتلەندۈرۈش - مۇلازىمەت قىلىشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، مەبلەغ سېلىنغان تۈرلەرنىڭ تېزدىن يولغا قويۇلۇشىغا تۈرتكە بولىدۇ؛ نامرات ئائىلىلەر چوڭقۇر قاتنىشىش مېخانىزمىنى تەتقىق قىلىپ مۇكەممەللەشتۈرۈپ، نامرات ئاممىنىڭ ئىچكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچىنى كۈچەيتىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە قەرەلىدە غەلىبە قىلىشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىدۇ.

مەركىزىي كومىتېت بىرلىك سەپ بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن بۆلۈم باشلىقى، مەركەز شىنجاڭ خىزمىتىنى ماسلاشتۇرۇش گۇرۇپپىسى ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى شى جۈن ئالاقىدار يىغىننىڭ روھىنى يەتكۈزدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى لى پېڭشىن يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى. مەملىكەتلىك سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى، گوۋۇيۈەن نامراتلارنى يۆلەش ئىشخانىسى ھەم ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرىدىن شيې جىگرۇڭ، جاڭ چۈنلىن، خۇڭ تيەنيۈن، جۇرئەت ئىمىن يىغىنغا قاتناشتى.

بۇ قېتىمقى 2019 - يىللىق «يۇقراۋى كارخانىلارنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭ سەپىرى» پائالىيىتى داۋامىدا، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاست ئىچكىرىدىكى ئۆلكە، شەھەرلەردىكى يۇقراۋى كارخانىلار بىلەن سودىگەر ۋە مەبلەغ جەلپ قىلىش تۈرىدىن جەمئىي 176نى ئىمزالىدى، ئومۇمىي سېلىنما 31 مىليارد 700 مىليون يۈەن بولدى. يىغىن نەق مەيدانىدا توختام ئىمزالانغان 74 تۈرگە سېلىنىدىغان مەبلەغ ئومۇمىي سوممىسى 16 مىليارد 300 مىليون يۈەنگە يەتتى، تۈرلەر يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاش، توقۇمىچىلىق، كىيىم - كېچەك، ئېلېكترونلۇق ئۇچۇر، يېنىك سانائەت، سودا ئەشيا ئوبوروتى، خاس تېرىقچىلىق، باقمىچىلىق قاتارلىق كەسىپلەرگە چېتىلىدۇ.

(بېشى 1 - بەتتە)

يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى زىچ چۆرىدەپ، ئېشىشنى مۇقىملاشتۇرۇش، ئىسلاھاتنى ئىلگىرى سۈرۈش، قۇرۇلمىنى تەڭشەش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، خەۋپ - خەتەردىن مۇداپىئەلىنىش، مۇقىملىقنى قوغداش خىزمەتلىرىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىشى، پۈتۈن ئاپتونوم رايون ئىقتىسادىنىڭ سىجىل ساغلام تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشى كېرەك. بىرىنچى، ئىدىيەۋى تونۇشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ھازىرقى ئىقتىسادىي ۋەزىيەت توغرىسىدىكى ئانالىزى ۋە ھۆكۈمنى توغرا ئىگىلەپ، ئىشەنچنى كۈچەيتىپ، ئىرادىنى ساقلاپ، ئاساسنى چىڭىتىپ، قىيىن مەسىلىلەرنى ھەل قىلىپ، مۇقىملىق ئاساسىدا ئىلگىرىلەش خىزمەت باش رىتىمىدا چىڭ تۇرۇپ، تەمىنات تەرەپلىك قۇرۇلمىلىق ئىسلاھاتنى ئاساسىي لىنىيە قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسى، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇشتا چىڭ تۇرۇپ، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنى ئالغا سىلجىتىشتا چىڭ تۇرۇپ، ماكرو سىياسەت مۇقىم بولۇش، مىكرو سىياسەت جانلىق بولۇش، ئىجتىمائىي سىياسەت تولۇق كاپالەتلەندۈرۈشتەك ئومۇمىي پىكىر يولىدا چىڭ تۇرۇش كېرەك. ئىككىنچى، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ئىجادىي، ماس، يېشىل، ئوچۇق، ھەمبەھىرە تەرەققىيات ئىدىيەسىنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇپ ۋە ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يېڭىچە سانائەتلەشتۈرۈش، ئۇچۇرلاشتۇرۇش، شەھەر - بازارلاشتۇرۇش، يېزا ئىگىلىكنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنى تەڭ قەدەمدە راۋاجلاندۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئىقتىسادنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇش كېرەك. ئۈچىنچى، خىزمەتنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، مۇھىم، زور خەۋپ - خەتەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تۈگىتىش، نامراتلىقتىن دەل جايىدا قۇتۇلدۇرۇش، بۇلغىنىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تۈزەشتىن ئىبارەت ئۈچ چوڭ ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىنى قەتئىي ياخشى قىلىش؛ يىپەك يولى ئىقتىساد بەلبېغى يادرولۇق رايونى قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىپ، يېزا - كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيەسىنى چوڭقۇر يولغا قويۇپ، ساياھەت كەسپىنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇش؛ «بىر بەلباغ، بىر يول» قۇرۇلۇشىغا چوڭقۇر سىڭىشىپ، نۇقتىلىق ساھەلەر ۋە ئاچقۇچلۇق ھالقىلارنىڭ ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئىچكى - تاشقى ئېچىۋېتىش سەۋىيەسىنى ئومۇميۈزلۈك ئۆستۈرۈش كېرەك. تۆتىنچى، ئۈچ چوڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، سېلىنما، ئىستېمال، ئېكسپورتنىڭ تۈرتكىلىك رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ئىچكى ئېھتىياجنى پائال كېڭەيتىپ، ئاچقۇچلۇق ساھە ۋە ئاجىز ھالقىلارغا بولغان ئۈنۈملۈك سېلىنمىنى ئاشۇرۇپ، ئىستېمال مۇھىتىنى ياخشىلاپ، ئىستېمال سىياسىتىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئىستېمال قىزىق نۇقتىسىنى يېتىشتۈرۈپ، مەھسۇلات قۇرۇلمىسىنى ئەلالاشتۇرۇپ، ئېكسپورتنى پائال كېڭەيتىپ، ئىقتىسادنىڭ ئېشىش ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچىنى ئاشۇرۇش كېرەك. بەشىنچى، يېڭى ئېشىش نۇقتىسىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، مۇقىملىق ۋە ئىسلاھات پايدىسىنى سىجىل قويۇپ بېرىپ، ئەمەلىي ئىقتىسادنى زورايتىش، يۇقراۋى ئىگىلىكنىڭ تەرەققىياتى، ئاساسىي ئۇل ئەسلىھە قۇرۇلۇشى، خېرىدار چاقىرىش ۋە مەبلەغ جەلپ قىلىش، بازارنىڭ ھاياتىي كۈچىنى قوزغىتىش، ئىچكى - تاشقى ئېچىۋېتىشنى كېڭەيتىش قاتارلىق ئاچقۇچلۇق ھالقىلارنى چىڭ تۇتۇپ، ياخشى تۇتۇپ، ئىقتىسادنىڭ يېڭى ئېشىش نۇقتىسىنى ئۈزلۈكسىز يېتىلدۈرۈش ۋە زورايتىش كېرەك. ئالتىنچى، ماسلاشتۇرۇش مۇلازىمىتىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، «قويۇپ بېرىش، باشقۇرۇش، مۇلازىمەت قىلىش» ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، باجنى كېمەيتىش، ھەقنى تۆۋەنلىتىش سىياسىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، مۇلازىمەت تىپىدىكى ھۆكۈمەت قۇرۇپ، ياخشى تىجارەت - سودا مۇھىتى يارىتىش كېرەك؛ كارخانا ۋە ئاساسىي قاتلامنىڭ بىرىنچى سېپىگە چوڭقۇر چۆكۈپ، چوڭىنى تۇتۇپ، كىچىكنى يۆلەشتە چىڭ تۇرۇپ، تۈرلەرگە بىر - بىرلەپ تۈرتكە بولۇپ، كارخانىلارغا بىر - بىرلەپ ياردەم بېرىپ - يۆلەپ، تەرەققىياتتىكى قىيىن مەسىلىلەرنى ھەل قىلىپ، ئۈچ كەسىپنىڭ ماس تەرەققىياتىنى ئالغا سىلجىتىش كېرەك. يەتتىنچى، خەلق تۇرمۇشىنى كاپالەتلەندۈرۈشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، خەلق مەركەز قىلىنغان تەرەققىيات ئىدىيەسىدە چىڭ تۇرۇپ، زور كۈچ سەرپ قىلىپ خەلق تۇرمۇشىنى كاپالەتلەندۈرۈپ ۋە ياخشىلاپ، توققۇز تۈرلۈك ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش قۇرۇلۇشىنى سىجىل، چوڭقۇر، ياخشى يولغا قويۇپ، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇش سىياسىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، كۆپ تەدبىرنى تەڭ قوللىنىپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى كېڭەيتىپ، مۇقىملىقنىڭ پايدىسىدىن، تەرەققىياتنىڭ نەتىجە - ئۈنۈمىدىن ھەر مىللەت ئاممىسىغا تېخىمۇ كۆپ نەپ يەتكۈزۈش كېرەك. سەككىزىنچى، سىياسەت ئەۋزەللىكىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، شىنجاڭنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، ھەر خىل ئېتىبار بېرىش سىياسەتلىرىدىن تولۇق، ياخشى، جانلىق پايدىلىنىپ، كەم - كوتىسىز ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئۈنۈمىنى سىجىل چوڭايتىپ، ھەقىقىي تۈردە سىياسەت ئەۋزەللىكىنى تەرەققىيات ئەۋزەللىكىگە ئايلاندۇرۇش كېرەك. توققۇزىنچى، ئىستىلنى ياخشىلاشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇشنى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ قىلىپ، مەسئۇلىيەتنى دادىل زىممىگە ئېلىپ، ھەقىقىي تۇتۇپ ئەمەلىي ئىشلەپ، زېھنى دىققەتنى باش نىشانغا مەركەزلەشتۈرۈشكە، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇشقا مەركەزلەشتۈرۈپ، ھەقىقىي تۈردە ئىقتىساد خىزمىتىنى چىڭ تۇتۇپ، ئەمەلىي تۇتۇپ، نەتىجە - ئۈنۈم يارىتىش كېرەك؛ شەكىلۋازلىق، بىيۇروكراتلىقتىن قەتئىي ساقلىنىپ، ھەرگىز «ئوبراز قۇرۇلۇشى» «يۈز قۇرۇلۇشى» قىلماسلىق كېرەك؛ ئاساسىي قاتلامنىڭ يۈكىنى يېنىكلىتىش يىلى تەلەپىنى ياخشى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ھەر خىل شەكىلدىكى قالايمىقان تەكشۈرۈش، قالايمىقان ھەيدەكچىلىك قىلىشنى قاتتىق چەكلەپ، ئاساسىي قاتلامنىڭ يۈكىنى ھەقىقىي يېنىكلىتىش كېرەك. ئونىنچى، باش نىشان ئېڭىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ئاگاھ سىگنالىنى ئۇزاققىچە ياڭرىتىپ، دائىم ھوشيار تۇرۇپ، ئۇنىۋېرسال تەدبىر قوللىنىپ، «بىرىكمە مۇشت»نى ئېتىپ، مۇقىملىق، تەرەققىياتنى ماسلاشتۇرۇپ ئالغا سىلجىتىپ، جەمئىيەتنىڭ ئىناقلىقى، مۇقىملىقىنى قوغداپ، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىيات ئۈچۈن ياخشى مۇھىت بەرپا قىلىش كېرەك.

يىغىندا مۇنداق كۆرسىتىلدى: پارتىيەنىڭ ئىقتىساد خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكىنى ھەقىقىي كۈچەيتىش كېرەك. ھەر دەرىجىلىك پارتكوم ۋە ھۆكۈمەت «ئىككى يۈرۈش بەنزە» ئىلمىي مېخانىزمىدا چىڭ تۇرۇشى، ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلار ئۆگىنىشنى كۈچەيتىپ، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئىقتىساد خىزمىتىگە رەھبەرلىك قىلىش ئىقتىدارى ۋە سەۋىيەسىنى كۈچەپ ئۆستۈرۈپ، «قۇرۇلۇش ئەترىتى باشلىقى»لىقنى ھەقىقىي ياخشى قىلىپ، ئىقتىسادنىڭ ئايلىنىش ئەھۋالىنى ۋاقتىدا تەتقىق قىلىپ، ئانالىز قىلىپ، مىخ قېقىش روھى بىلەن تۈرلۈك خىزمەتلەرنى پۇختا، ئىنچىكە، ياخشى قىلىپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايون ئىقتىسادىنىڭ سىجىل ساغلام تەرەققىياتىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، ئەلا نەتىجىلەر بىلەن جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى تەبرىكلىشى كېرەك.

يىغىن تېلېۋىزىيە - تېلېفون يىغىنى شەكلىدە ئېچىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى، ھۆكۈمەت، سىياسىي كېڭەش، بىڭتۇەن رەھبەرلىرى، ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق تەپتىش مەھكىمىسىدىكى ئاساسلىق مەسئۇل يولداشلار، ئاپتونوم رايون(مەركەز)غا بىۋاسىتە قاراشلىق ئورۇنلاردىكى ئاساسلىق مەسئۇل يولداشلار ئاساسىي يىغىن مەيدانىدا يىغىنغا قاتناشتى؛ ھەرقايسى ۋىلايەت(ئوبلاست، شەھەر)، ناھىيە (شەھەر، رايون) ۋە بىڭتۇەننىڭ ھەرقايسى شى (شەھەر)، تۇەن(مەيدان)نىڭ ئالاقىدار رەھبەرلىرى ۋە مۇناسىۋەتلىك تارماقلىرىدىكى مەسئۇل يولداشلار شۆبە يىغىن مەيدانىدا قاتناشتى.